# بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئات ئۆلتۈرۈپ يېگەن ئىدۇق

ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئات ئۆلتۈرۈپ يىگەن ئىدۇق، دېگەن. يەنە بىر ئىبارىدە «بىز مەدىنىدىكى ۋاقىتتا» دېگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئەسما بىنتى ئەبى بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا ئات ئۆلتۈرۈپ يېگەنلىكىنى بايان قىلىپ بىرىدۇ. بۇ ئات گوشىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىگە دەلىل ئىسپات بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئوقۇغان بىر كىشى سۈرە نەھىل 8-ئايەتتىكى: «ئاللاھ تائالا ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ تائالا يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ» ئاتنىڭ ئېشەك ۋە خېچىر بىلەن بىر يەردە كېلىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ھاراملىقىنى چۈشۈنۈۋالماسلىقى كېرەك

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3000